


# قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن مەكتەپ يولى

## ــ كونا شەھەر ناھىيەسى توققۇزاق بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن كەلگەن خەۋەر

> ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرىنىڭ قوش تىل مائارىپىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك، خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەندە كەلگۈسىدە خىزمەت تېپىش قولايلىقراق بولىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۆپرەك تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ.
>
> ــ شى جىنپىڭ

### سەممىي تاپشۇرۇق

2014 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، باش شۇجى كونا شەھەر ناھىيەسى توققۇزاق بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىگە كېلىپ، قوش تىل ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. بۇ مەكتەپتە ھازىر 410 ئوقۇغۇچى بار، 12 سىنىپنىڭ ھەممىسى قوش تىل سىنىپى.

مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىگە «بارلىقىمىز ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن، بارلىق ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بارلىقى ئۈچۈن» دېگەن شوئار يېزىلغان بولۇپ، باش شۇجى ماختاپ ئوقۇپ، «ياخشى يېزىلىپتۇ» دەپ ماختىدى.

يىراقتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاراڭلىق كىتاب ئوقۇغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەكتەپ مۇدىرى ئاينۇر ئابدۇقادىر چىرايلىق سېلىنغان ئوقۇتۇش بىناسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ باش شۇجىغا ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ يېڭى سېلىنغانلىقىنى، مۇزىكا ئۆيى، كىتاب ئوقۇش ئۆيى ھەممىسىنىڭ بارلىقىنى، شارائىتنىڭ ناھايىتى ياخشىلىقىنى ئېيتتى.

باش شۇجى 6 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپقا كىردى. «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار!» «شى بوۋا، ياخشىمۇسىز!» پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار تەكشى ئاۋازدا باش شۇجىدىن تىنچلىق سورىدى.

«ياخشىمۇسىلەر!» باش شۇجىمۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ساۋاقداشلاردىن تىنچلىق سورىدى.

دوسكىغا «قەشقەرگە كېلىپ مېھمان بولۇڭ» دېگەن خەنزۇچە تۆت خەت يېزىلغانىدى، ساۋاقداشلار ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە خەنزۇچە تېكىست ئۆگىنىۋاتاتتى. مېھرىئاي، رۇقىيە ئىككى ساۋاقداشنىڭ خەنزۇ تىلىدا تېكىستتىكى بىر ئابزاسنى ئايرىم ـ ئايرىم ئۈنلۈك ئوقۇغىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باش شۇجى ئۇلارنى خەنزۇچە خەتلەرنى كۆپ بىلىدىكەن، تەلەپپۇزى توغرا ئىكەن، ياخشى ئوقۇدى، دەپ ماختىدى.

«مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرى خەنزۇ تىلىدا سۆزلەشنى بىلەمتىڭلار؟» دەپ سورىدى باش شۇجى. «بىلمەيتتۇق، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئۆگەندۇق» رۇقىيە خەنزۇ تىلىدا راۋان جاۋاب بەردى.

باش شۇجى يەنە ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان ساۋاقداش زەينۇرەمدىن مۇنداق سورىدى: «ئۆيىڭىز مەكتەپكە يىراقمۇ؟»، «يىراق ئەمەس.» «چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلغۇڭىز بار؟» «ئوقۇتقۇچى بولغۇم بار» زەينۇرەمنىڭ تەمتىرىمەي بەرگەن جاۋابى مەيداندىكى ھەممەيلەننىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىشخانىسىدا، باش شۇجى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ھەممىسى قوش تىل مائارىپىنى قوللايدىغان ـ قوللىمايدىغانلىقىنى ئىگىلىدى، چېن لىيىڭ مۇئەللىم ھەممىسى ئىنتايىن قوللايدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. باش شۇجى ئۇنىڭدىن «ئۇيغۇرچىنى بىلەمسىز؟» دەپ سورىدى، چېن لىيىڭ «ئازراق بىلىمەن، يەنە ئۆگىنىۋاتىمەن» دېدى. باش شۇجى ئۇنى ئۇيغۇرچىنى ياخشى ئۆگىنىش، بالىلارغا خەنزۇ تىلىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىتىشكە ئىلھاملاندۇردى.

دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتى بولدى، ساۋاقداشلار خۇشال ھالدا مەيدانغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئارغامچا ئاتلىدى، تەپكۈچ تەپتى، پۇتبول ئوينىدى، بىرنەچچە قىز ساۋاقداش تەپكۈچنى شەكىل چىقىرىپ تېپىۋاتاتتى... باش شۇجىنى كۆرۈپ ساۋاقداشلار ئورىۋالدى، باش شۇجى بالىلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ، بالىلار بىلەن ئوپچە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

«بوۋا، خەير ـ خوش» «يەنە كېلىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز»... بالىلار ئوماق قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ باش شۇجى بىلەن خوشلاشتى. باش شۇجى ساۋاقداشلارنىڭ ياخشى ئۆگىنىپ، كۈنسېرى ئالغا بېسىپ، چوڭ بولغاندا جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

---

□ مۇخبىرلىرىمىز لى ياڭ، جاڭ يۈنمېي

«4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بەختلىك كۈن، شى بوۋىمىز بىزنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپكە كەلدى... بوۋىمىزنىڭ گېپىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، قوش تىلنى ئۆگىنىپ، ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، قوش تىلنى ياخشى ئۆگىنىپ دۇنياغا يۈزلىنىمىز.» ھەر كۈنى سائەت 12:00دە، كونا شەھەر ناھىيەسى توققۇزاق بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى 1200دىن كۆپرەك بالا مەيداندا رەتلىك تىزىلىپ، بىر تەرەپتىن كۆيىبەن ئويناپ، بىر تەرەپتىن پۇتۇڭخۇادا «قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن مەكتەپ يولى»نى دېكلاماتسىيە قىلىدۇ. بالىلارنىڭ ئاۋازى بىرلا ۋاقىتتا كۆتۈرۈلۈپ، مەكتەپتە ياڭراپ، زېمىننى لەرزىگە سالىدۇ.

### ■ قوش تىلنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئارزۇنى مۇشۇ يەردىن باشلاش

【تىيانشاننىڭ يېڭى قىياپىتى】«بىزنىڭ شىنجۇڭ ئاتلار جۇڭخۇا، تاغ ـ دەريالىرى گۈزەل، سۈرەتتەك گويا. خۇاڭخې ئاقار مەۋج ئۇرۇپ، چاڭجياڭ ئاقار ياساپ دولقۇن، سەددىچىندۇر شۇنچە ئۇزۇن...» 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 2 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ دەرسخانىسىدا، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى گو رۇڭلەن بالىلارغا تېكىست «شىنجۇڭ قوشىقى»نى ئۆگىتىۋاتاتتى. دەرسخانىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى چوڭ ئېكراندا شىددەتلىك ئېقىۋاتقان خۇاڭخې دەرياسى، ھەيۋەتلىك سەددىچىن سېپىلى، جومولاڭما چوققىسىنىڭ بۇلۇت ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى توختىماي ئالمىشىپ تۇراتتى.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، بۇ مەكتەپ ھەربىر سىنىپقا كۆرۈنىدىغان كۆپ تاراتقۇلۇق ئوقۇتۇش سىستېمىسى ــ «بەنبەنتۇڭ»نى سەپلەپ بەرگەنىدى. گو رۇڭلەن مۇنداق دېدى: «بەنبەنتۇڭ» سىستېمىسى ئوقۇتقۇچىلارنى «دوسكا، بور»دىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن خوشلاشتۇرۇپ قويدى، بالىلارنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى تېخىمۇ قوزغالدى. شۇنداق بولۇپلا قالماي، «بەنبەنتۇڭ» ئارقىلىق بالىلار سىنىپتا ئولتۇرۇپلا، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گۇاڭجۇ شەھىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئوخشاش دەرس ئاڭلىيالايدىغان بولدى.

2014 ـ يىلى، باش شۇجى مەكتەپكە كەلگەندە، مەكتەپتىكى «مىننەتدارلىق بىناسى»نىڭ پۈتكىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغانىدى، 12 سىنىپتىكى 410 بالا پاكار بىر قەۋەتلىك ئۆيدىن ئازادە، يورۇق بىناغا ئەمدىلا كۆچۈپ كىرگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە، «مىننەتدارلىق بىناسى»نىڭ شەرقىي تەرىپىدە «جاۋاب قايتۇرۇش» بىناسى قەد كۆتۈردى. مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ياۋ خۇڭيۇ ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بەش يىلدىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدا، بىزنىڭ بۇ يېزا مەكتىپىمىزدە چۈش كەبى ئۆزگىرىش بولدى».

«بەش يىلدىن بۇيان، مەكتەپ مەبلەغ سېلىپ مەكتەپ ياتاقلىرىنى ئۆزگەرتتى، كېڭەيتتى، يېڭىدىن ئوقۇتۇش بىناسى، ياتاق بىناسى، ئاشخانا، مۇنچا ۋە تەنتەربىيە مەيدانى سالدى، مەكتەپ ياتىقى كۆلىمى ئۈچ ھەسسە كېڭەيتىلدى. مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش سىنىپى ئەسلىدىكى 12دىن 25كە كۆپەيدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى ئەسلىدىكى 410دىن 1200گە كۆپەيدى.» بۇ ئۆزگىرىشلەرنى پىششىق بىلىدىغان ياۋ خۇڭيۇ مۇنداق دېدى: «مۇھىمى ھازىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوش تىل سەۋىيەسىدە زور ئىلگىرىلەش بولدى، ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىشنىڭ ھەممىسىدە ياخشى، ئۆيلىرىگە قايتقاندىن كېيىن ھەممىسى ئاتا ـ ئانىلىرىغا كىچىك تەرجىمان بولالايدۇ. باش شۇجى مەكتەپكە يەنە كەلسە چوقۇم بالىلارنىڭ ئىپادىسىگە ئاپىرىن ئېيتىدۇ».

«ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىمۇ بارغانسېرى زورايدى.» ياۋ خۇڭيۇ مۇنداق دېدى: ئەينى يىلى مەكتەپتە ئاران 32 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئوقۇتقۇچىلار 88گە كۆپەيدى، گۇاڭجۇدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن 15 مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى يەنە مەكتەپكە ئىلغار ئوقۇتۇش ئىدىيەسىنى ئېلىپ كەلدى.

دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش ئوقۇغۇچىلارنى بۇ يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدىن تېخىمۇ كەڭ زېمىنغا قاراپ ئۇچۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ــ 2014 ـ يىلدىن ھازىرغىچە، بۇ مەكتەپتىن 78 ئوقۇغۇچى رايون ئىچى تولۇقسىز سىنىپىغا ئۆتتى، يەنە نۇرغۇن بالا ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتتى.

【مۇخبىرنىڭ تەسراتى】 توققۇزاق بازارلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ گۈزەل كېپىنەكسىمان ئۆزگىرىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، سەممىي غەمخورلۇق قىلغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى، پارتىيەنىڭ مائارىپ ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ شىنجاڭدا چېچەكلەپ مېۋە بەرگەنلىكىنىڭ جانلىق ئىزناسى. تاپشۇرۇقنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قوش تىلنى ياخشى ئۆگەنگەندىلا، بۇ يەردىكى ھەربىر بالا تېخىمۇ بىپايان كۆكتە پەرۋاز قىلالايدۇ!

### ■ كىچىككىنە ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسىغا ئىگە بولسا، چوڭ بولۇپ ئىش قىلغاندا ئىشەنچى بولىدۇ

【تىيانشاننىڭ يېڭى قىياپىتى】 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مۇخبىرلار بۇ مەكتەپنىڭ ھۆسنخەت دەرسخانىسىغا كىرگەندە، 20 نەچچە بالىنىڭ يېقىملىق گۈچىن مۇزىكىسىغا جور بولۇپ، ھۆسنخەت ئوقۇتقۇچىسى ليۇ جۈنگە ئەگىشىپ قەلەم تەۋرىتىشنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تامدىكى ھۆسنخەت ئەسەرلىرى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى، ئوقۇغۇچىلار يازغان «ياخشىلىقنى بىلىش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرۇش» دېگەن مەكتەپ تەلىمى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

2017 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ۋە جۇڭگو نەشرىيات گۇرۇھىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، مەكتەپ ھۆسنخەت دەرسخانىسى ئاچتى. ھازىر مەكتەپتىكى 1 ـ يىللىقتىن 6 ـ يىللىققىچە بولغان سىنىپلارنىڭ ھەممىسىدە ھۆسنخەت دەرسى تەسىس قىلىندى.

5 ـ يىللىقتىكى نۇرسەبى باتۇرنىڭ ھۆسنخەت ئۆگىنىۋاتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقان بولۇپ، سىنىپتىكى ھۆسنخەت «ئۇستا»سى ئىدى، ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن يەنە دادىسىغا كىچىك ئوقۇتقۇچى بولالايتتى. ھۆسنخەتنى ياخشى يېزىشتا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىراتى بار: «خەت يېزىش ئىش قىلىشقا ئوخشايدۇ، ھەممىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قىلىش كېرەك».

ليۇ جۈن مۇنداق دېدى: ئوقۇغۇچىلار شۇنداق قىلىپلا قالماي، مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلارمۇ ھەر ھەپتىدە مۇقىم دەرس ئورۇنلاشتۇرۇپ ھۆسنخەت ئۆگىنىدۇ. مەكتەپ يەنە قەرەللىك ھالدا «ئۈچ قەلەملىك خەت» (بور، سىياھ قەلەم، موي قەلەم) مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنى خەتنى ياخشى يېزىشقا ئىلھاملاندۇردى.

ياۋ خۇڭيۇنىڭ قارىشىچە، قەلەم تۇتۇش، قەلەمنى تەۋرىتىش ماھارىتىدىن، تۇرۇش ھالىتى، ئولتۇرۇش ھالىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈشكىچە، يەنە نادىر ماقالىلەر ۋە ئۇيما خەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئۆزلەشتۈرۈشكىچە، ھۆسنخەت ئۆگىنىش ھەم بالىلاردا ياخشى ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق، ھەم ئۇلارنىڭ جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە بولغان چۈشىنىشى ۋە قىزغىن سۆيۈشىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. «جۇڭگو يېزىقىنى ياخشى ئۆگىنىپ ياخشى جۇڭگولۇق بولۇش كېرەك. كىچىككىنە ئادەم بولۇشنىڭ ئاساسىغا ئىگە بولسا، چوڭ بولۇپ ئىش قىلغاندا ئىشەنچى بولىدۇ» دېدى ئۇ.

ھۆسنخەت يېزىشنى ئۆگىنىشلا ئەمەس، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش، كۆيىبەن ئويناش، قەغەز قىيىش قاتارلىقلارمۇ دەرسخانىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جۇڭخۇا ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە بولغان چۈشىنىشى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى.

بەش يىلنىڭ ئالدىدا، باش شۇجى مەيدانىدا بالىلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشكەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە، يېپيېڭى سولياۋ يۈگۈرۈش يولى، كەڭ چىملىق تەنتەربىيە مەيدانى بالىلارغا تېخىمۇ راھەت بوشلۇق ئېلىپ كەلدى. گۇاڭدۇڭدىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە كەلگەن ئوقۇتقۇچى خې جيەنچياڭ ئاچقان «ئاپتاپ تەنتەربىيە چوڭ تەنەپپۇس»ى مەكتەپنىڭ داڭلىق ماركىلىق پائالىيىتىگە ئايلاندى: پۇتبول كوماندىسى، ۋاسكېتبول كوماندىسى، شەكىل چىقىرىپ ئارغامچا ئاتلاش كوماندىسى، چاماباشچىلىق كوماندىسى... ھەر خىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى قىزىپ كەتتى، بالىلار ھەرىكەت داۋامىدا بەدەن چېنىقتۇردى.

【مۇخبىرنىڭ تەسراتى】 شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن، ئادەم بولۇشنىڭ «ئاساسى»نى يېتىلدۈرۈشتە «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، چوڭ بولغاندىن كېيىن ۋەتەننىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن يارامىلىق ئىختىساسلىقلاردىن بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى يارىتىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

### ■ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قان تومۇرغا سىڭدۈرۈش

【تىيانشاننىڭ يېڭى قىياپىتى】«چوڭ بولغاندا نېمە قىلغىڭىز بار؟» «مېنىڭ بىر ئالىم ئۇچقۇچىسى بولۇپ، يەر شارىدىكى ئۇرۇقنى ئالەم بوشلۇقىغا ئېلىپ چىقىپ يېتىشتۈرگۈم بار...» «باھار كەلدى، بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئۆرۈكلەر چېچەكلىدى، سىلەر تۇرۇۋاتقان جايدىمۇ باھار شۇنچە قىزىپ كېتەمدۇ؟»...

ھەر ھەپتىنىڭ ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى كۈنلىرى، 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئابدۇللا تۇرغۇن «ئاداش» سىنلىق پاراڭلىشىش سىنىپىغا كىرىپ، ئالاقە تورى ئارقىلىق گۇاڭجۇ خۇاڭخۇا باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى دوستى ليۇ زىشۇەن بىلەن سىنلىق پاراڭلىشىدۇ. ئابدۇللا پۇتۇڭخۇادا ئىنتايىن راۋان سۆزلەيدىغان بولۇپ، ئىككىيلەن قىزغىن پاراڭلاشقاندا، خۇددى بىر تۇغقان ئاكا ـ ئۇكىلارغا ئوخشايتتى.

ياۋ خۇڭيۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بەش يىل ئىلگىرى، باش شۇجى ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرى قوش تىل ئوقۇتۇشىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك، دەپ سەممىي تاپشۇرغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، قوش تىل ئوقۇتۇشى شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئارىسىدا ئارىلىق قويماي، ھەر مىللەت كىچىك دوستلارنىڭ قەلب رىشتىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى».

بۇ بىرنەچچە يىلدا، ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش سالمىقىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، مەكتەپ بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپ يېڭى قان كۆپەيتتى. خەنزۇ، ئۇيغۇر، جۇاڭزۇ، مياۋزۇ، موڭغۇل، لىسۇ قاتارلىق ھەر مىللەتتىن بولغان ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن بولۇپ كەتتى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن بەزى ياش ئوقۇتقۇچىلار دەسلەپكى چاغلاردا بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىغا كۆنەلمەي كەتمەكچى بولغان، بىراق كېيىنچە بۇ يەردىن كېتىشكە قىيالمىدى.

چىمەنگۈل يۈنۈس 6 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپنىڭ سىنىپ مۇدىرى، ئۇ، بۇ سىنىپنى ھۆددىگە ئالغان ئوقۇتقۇچى لى خۇڭشيا بىلەن بىر جۈپ «ئالتۇندەك ھەمراھلار»دىن ئىدى. چىمەنگۈل مۇنداق دېدى: «بىز دائىم تەقلىدىي دەرس ئۆتىمىز، لى مۇئەللىم دائىم بىزنىڭ پۇتۇڭخۇا تەلەپپۇزىمىزنى بىر خەت ـ بىر خەتتىن تۈزىتىپ بېرىدۇ. ئادەتتە مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە ئۆگىتىمەن، بىز دائىم بىر ـ بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ ئائىلە زىيارىتى قىلىمىز».

بايرام كۈنلىرىدە، مىللىي، خەنزۇ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىر ـ بىرىنى ئۆيلىرىگە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ؛ ھەر ئايدا تۇغۇلغان كۈن ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى كوللېكتىپ ئۆتكۈزۈپ، كۆپچىلىك بىللە تورت يەپ، نومۇر ئورۇنلايدۇ؛ ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلار «ئۈچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» پائالىيىتىگە قىزغىن قاتنىشىپ، ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، ئارىلىشىشنى كۈچەيتتى...

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېڭى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قان تومۇرىغا سىڭدى، ئاتا ـ ئانىلارنىمۇ يېتەكلىدى، تەسىرلەندۈردى. ئاتا ـ ئانىلارغا ئېچىۋېتىش كۈنى، «كىچىكلەر چوڭلارنى يېتەكلەش، ئاتا ـ ئانىلار مەكتىپى بىلەن كەچلىك كۇرسنى باغلاش» پائالىيىتى ئارقىلىق، ئاتا ـ ئانىلار بالىلار بىلەن بىرلىكتە پۇتۇڭخۇا ئۆگىنىپ، بىرلىكتە بارماق تىلى گىمناستىكىسى ئويناپ، ئوقۇتقۇچىلار ئاتا ـ ئانىلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئادەم تەربىيەلەش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

【مۇخبىرنىڭ تەسراتى】 مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بالىلاردىن باشلاپ تۇتۇش، كىچىكىدىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك. ھەربىر ئوقۇتقۇچى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئەلچىسىگە ئايلىنىپ، ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتى بىلەن بالىلارغا تەسىر قىلغاندىلا، پۈتۈن جەمئىيەت ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەيدىغان ئاكتىپ كۈچكە تولغاندىلا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى چوقۇم ۋەتىنىمىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى قەلبىدە پورەكلەپ ئېچىلىدۇ.

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سىكانىرلاپ كۆرۈڭ

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېقىندا، سانجى شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»نى مەخسۇس بېجىرىش گۇرۇپپىسىدىن تۆتنى قۇرۇپ، دېلو ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى ئالدۇرۇپ كۆرۈش، بېجىرىلىپ بولغان قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق دېلولاردىكى ئاساسلىق ئەزالارنى سوراق قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى»گە ئائىت مەسىلە يىپ ئۇچلىرىنىڭ قېزىشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق قېزىش، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق تەكشۈرۈش، تېز تەكشۈرۈپ تېز ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەربىر دېلونى نەقلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت تارماقلىرى بىلەن مەسىلە يىپ ئۇچىنى قوش يۆنىلىشلىك ئۆتكۈزۈپ بېرىش، تەكشۈرۈپ بېجىرىش نەتىجىسىنى قوش يۆنىلىشلىك قايتما ئىنكاس قىلىش، قەرەللىك ئورۇنلاشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، مەسىلە يىپ ئۇچلىرىنىڭ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«بىز يەنە شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى بەنزە ئەزالىرىنىڭ دېلو ھۆددە ئېلىپ ئىزىغا چۈشۈش، قەرەللىك ئورۇنلاشتۇرۇش، كوللېكتىپ كېڭشش مېخانىزمى ھەمدە يېزا ـ بازار (كوچا) ئىنتىزام تەكشۈرۈش كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىپ تەكشۈرۈپ بېجىرىش قاتارلىق ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىپ، نۇقتىلىق دېلولارنى تەكشۈرۈپ بېجىرىشتە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدۇق.» سانجى شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاۋ فېڭچياڭ مۇنداق دېدى: تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولاردا، بىر دېلونى بىر قېتىم ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش، بىر دېلو ئارقىلىق بىر قېتىم ئىبرەت بېرىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق ھەم رېۋىزىيە تەكلىپى تارقىتىپ، قەيەردىن مەسىلە چىقسا، ئىبرەت تەربىيەسىنى شۇ يەرگىچە يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. نۆۋەتتە، سانجى شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئىككى قارار ئىبرەت تەربىيەسى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى چىقاردى، ئىككى مەيدان دېلو ئارقىلىق ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىبرەت تەربىيەسى يىغىنى ئاچتى.

تەشۋىقاتنىڭ قاپلاش دائىرىسى ۋە ئاممىنىڭ خەۋەردار بولۇش نىسبىتىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن، سانجى شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئەرزىيەت 12388 نومۇرلۇق پاش قىلىش تېلېفونى، ئۈندىدار سۇپىسى، ھۆكۈمەت تور بېكىتى قاتارلىق يوللاردىن پايدىلىنىپ، قارا كۈچلەرگە چېتىشلىق، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق قارا، رەزىل كۈچلەرگە «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» بولۇش مەسىلە يىپ ئۇچلىرىنى ۋاقتىدا جەمئىيەتكە ئېلان قىلدى، «سانجى شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى قانات يايدۇرۇشتا بىلىشكە تېگىشلىك بىلىملەر قوللانمىسى»نى تۈزۈپ بېسىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش بىلىملىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىگە قاتنىشىشقا ئاكتىپ يېتەكلىدى.